
«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» كىتاب نەشر قىلىش تۈرى (267)
“东风工程”图书出版项目之267
سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى ئوقۇشلۇقى

# چېگرا رايونغا بېغىشلانغان مۇھەببەت

(رەسىملىك چۈشەندۈرۈش)

—— شىنجاڭدىكى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئاممىنى بېيىش يولىغا
يېتەكلىگەنلىكى توغرىسىدا ھېكايىلەر

تۈزگۈچى: ليۇ يىن



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

# چېگرا رايونغا بېغىشلانغان مۇھەببەت

(رەسىملىك چۈشەندۈرۈش)

— شىنجاڭدىكى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئاممىنى بېيىش يولىغا يېتەكلىگەنلىكى توغرىسىدا ھېكايىلەر

تۈزگۈچى: **لىيۇ يىن**

تەرجىمە قىلغۇچى: **ھەببۇللا ئېلىياس**

**شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى**

**شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى**

**图书在版编目(CIP)**

画说真情倾洒边陲：新疆党员干部带领群众致富的故事：维吾尔文 / 刘寅主编．艾比布拉·艾力牙斯译．—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2008.7

ISBN 978-7-80744-358-2

Ⅰ.画… Ⅱ.刘… Ⅲ.纪实文学-作品集-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I25

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 108077 号

**画说真情倾洒边陲**（维吾尔文）

——新疆党员干部带领群众致富的故事

刘寅　主编

艾比布拉·艾力牙斯　译

---

新疆美术摄影出版社 出版
新疆电子音像出版社

（乌鲁木齐市西虹西路 36 号　邮政编码：830000）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷

787mm × 1092mm　32 开本　3 印张

2008 年 8 月第 1 版　2008 年 8 月第 1 次印刷

印数：1-22 600 册

---

ISBN 978-7-80744-358-2（民文）　定价：9.10 元

پىلانلىغۇچى: **دۇڭ فىڭ**
ئومۇمىي لايىھىلىگۈچى: **چۇ يۈەن**
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: **داڭ خۇڭ**
رەسىملىرىنى سىزغۇچى: **لوڭشىخۇي كارتون فىلىم چەكلىك شىركىتى**

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئەنۋەر قۇتلۇق**
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: **تۇرغۇنجان سۇلتان**
مەسئۇل كوررېكتورى: **مەرھابا مۇھەممەت**

# چېگرا رايونغا بېغىشلانغان مۇھەببەت
## (رەسىملىك چۈشەندۈرۈش)

ـــ شىنجاڭدىكى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئاممىنى بېيىش يولىغا يېتەكلىگەنلىكى توغرىسىدا ھېكايىلەر

تۈزگۈچى: لىيۇيىن

تەرجىمە قىلغۇچى: ھەبىبۇللا ئېلىياس

*　　*　　*

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى،
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 № پوچتا نومۇرى: 830000 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787mm × 1092mm 1/32 باسما تاۋىقى: 3
2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 22 600
ISBN 978 − 7 − 80744 − 358 − 2
باھاسى: 9.10 يۈەن

# كىرىش سۆز

«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش پىلانلىغان، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى كونكرېت تەشكىللەپ يولغا قويغان خەلققە پايدا يەتكۈزىدىغان قۇرۇلۇش. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقنىڭ تارقىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرى ئارىسىدا پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىلغار مەدەنىيەتنى تارقىتىپ، ئۇلارغا پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىدىغان، ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغان ئاخبارات - نەشرىيات ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭدىكى ھەممە يېزا - كەنتلەرگە كىتاب، ئۈن - سىن نەشر بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلىش — «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» دىكى مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرى. بۇ تۈردە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى مۇساپىسى ۋە مەركەزنىڭ «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، پارتىيىنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشكە ئائىت ئوقۇشلۇقلار، «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» خىزمىتىگە ئائىت پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقلىرى، سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرىگە ئائىت ئوقۇشلۇقلار، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ئەخلاق تەربىيىسىگە ئائىت ئوقۇشلۇقلار، قوش تىل مائارىپى ئوقۇشلۇقلىرى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى-

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

نىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا ئائىت ئوقۇش-لۇقلار، كۆڭۈل ئېچىشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىغا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، ماركسىزملىق دىن قارىشى، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىگە دائىر بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار قاتارلىق ئون چوڭ تۈر بويىچە نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىش ئورۇنلاش-تۇرۇلدى. مەزمۇن جەھەتتە، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئاساسىي لى-نىيە قىلىندى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ «ئىش-لەپچىقىرىشى تەرەققىي تاپقان، تۇرمۇشى باياشات، يېزا ئىستىلى مەدەنىي، كەنت مۇھىتى رەتلىك ۋە پاكىز، باشقۇرۇشى دېموكرا-تىك بولۇش» قا يېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش نىشان قىلىندى؛ نەشر قىلىشتا «دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كەسپلىرىگە يې-قىنلاشتۇرۇش، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يې-قىنلاشتۇرۇش، دېھقان - چارۋىچىلارغا يېقىنلاشتۇرۇش» مەقسەت قىلىندى؛ ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرى ئوقۇپ چۈشىنە-لەيدىغان، ئۆگىنەلەيدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش پرىنسىپ قىلىندى. بىز نەشر بۇيۇملىرىنى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك قى-لىپ تۈزۈشكە، تېكىستىمۇ، رەسىممۇ، ئاۋازىمۇ بار قىلىپ چى-قىرىشقا تىرىشتۇق، شۇنداقلا ئىلمىي ۋە ئەمەلىي بولۇشىغا، مەز-مۇنلۇق ۋە قىزىقارلىق بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلدۇق، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى بىلىملەر ئارقىلىق ھەر مىللەت دېھقان - چارۋى-چىلىرىنى يېڭى ئىدىيە، يېڭى يۈكسەكلىك ۋە يېڭى نەزەرگە ئىگە قىلىشقا تىرىشتۇق.

بىز يەنە «شەرق شاملى قۇرۇلۇشى» ئارقىلىق، ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشى، كىتاب ئوقۇشى تەس بولۇش مەسىلىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ھەل بولۇشىنى،

پۈتۈن شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى
كىتاب ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك
بولماسلىق مەسىلىسىنىڭ ئۈنۈملۈك ياخشىلىنىشىنى، ئاز سانلىق
مىللەت يېزىقىدىكى مۇنەۋۋەر نەشر بۇيۇملىرىنىڭ قاپلاش دائى-
رىسى ۋە تەسىر دائىرىسىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشىنى، ھەر مىللەت
دېھقان ـ چارۋىچىلىرىنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، كىرىمنى كۆ-
پەيتىپ، ئىلمىي بېيىشىنى ئەقلىي مەدەت ۋە مەنىۋى كۈچ بىلەن
تەمىن ئېتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقىنىڭ
«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك
گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى

# مۇندەرىجە



باش شۇجى بىزنىڭ يەنىمۇ يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىشىمىزغا ئىلھام
بېرىپ جاۋاب خەت ئەۋەتتى ..................................(1)
يايلاقتا باغلانغان رىشتە..........................................(7)
كەركىن قاباي قەرزدار كەنتنى باي كەنتكە ئايلاندۇردى.........(12)
پەرۋاز قىلىۋاتقان پامىر بۈركۈتى...................................(21)
پۇقرالارنىلا ئويلايدىغان ياخشى شۇجى.............................(29)
شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇش، كۆڭلىدە پۇقرالارنى ئويلاش...(37)
ئەزىمەت ئىزى.........................................................(45)
كەنتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغان ياخشى ياچېيكا..............(52)
يېڭى بەنزە مەدەنىي كەنت بەرپا قىلدى............................(59)
پۈتۈن كەنتتىكىلەر ئورتاق بېيىغاندىلا ھەقىقىي بېيىغانلىق بولىدۇ...(65)
ئائىلە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھويلا - ئارام ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، باشقىلارنى بېيىش يولىغا يېتەكلىگەنلىكى.....................................(71)
چارۋىچىلارنىڭ ياخشى باشلىقى ...............................(75)



# باش شۇجى بىزنىڭ يەنمۇ يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىشىمىزغا ئىلھام بېرىپ جاۋاب خەت ئە- ۋەتتى

2005-يىلى 5-ئاينىڭ 4-كۈنى باش شۇجى خۇجىنتاۋ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى لوپنۇر ناھىيىسى شىڭ پىڭ يېزىسىنىڭ داشى كەنتى ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مۇھەممەت ساۋۇر ۋە داشى كەنتىدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرىغا جاۋاب خەت ئەۋەتكەندى. ئىككى يىلدىن كېيىن داشى كەنتىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى؟

داشى كەنتىگە بارسىڭىز، ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئېتىز - ئېرىق بېشىغىچە شېغىل يول ۋە ئاسفالت يوللار ياسالغانلىقىنى ناھىيە بازىرىغا تۇتىشىدىغان ئىككى يولنىڭ ياقىسىغا يول چىراغلىرى ئورنىتىلىپ، يول قاسىناقلىرىغا يېشىل بەلۋاغ بەرپا قىلىنغانلىقىنى، پۈتۈن كەنت تۇرالغۇ رايونى، سودا رايونى ۋە دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ ئۈچكە بۆلۈنگەنلىكىنى، كەنت قىياپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىنى كۆرۈسىز.



باش شۇجىنىڭ جاۋاب خېتىنى تىلغا ئالغاندا، كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مۇھەممەت ساۋۇر ھاياجىنىنى باسالماي قالدۇ: «باش شۇجى جاۋاب خېتىدە، بىز ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلارغا تەلىم بېرىپ، بىزدىن باشتىن - ئاخىر، ئۇلۇغۋار پىلاننى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، ئۈزلۈكسىز ماھارەت ئۆگىنىپ، ئىش - ئەمگەكتە پائال يېڭىلىق يارىتىپ، مەدەنىي يېڭى ئۆرپ - ئادەتنى باشلامچىلىق بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاڭلىق قوغداپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش، ۋەتەنىڭ غەربىدىكى چېگرا رايوننى مۇستەھكەملەش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدا يەنىمۇ يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىپ، يېڭى تۆھپە قوشۇشىمىزنى تەلەپ قىلغانىدى. ئىككى يىلدىن بۇيان، جاۋاب خەت بىزنى ئۈزلۈكسىز يەنىمۇ يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ كەلمەكتە.»

2005-يىلى جاۋاب خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، جاۋاب خەت روھىنىڭ ئىلھامى بىلەن، مۇھەممەت ساۋۇر 117 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى ۋە ياشلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، كەنتنىڭ تۇرلۇك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا پائال ئاتلاندى. يوللارغا ئاسفالت ياتقۇزۇش، قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇپ، سۇنىڭ سىڭىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنىڭ ئەجرى سىڭدى. 2005-يىلى، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە، ئىتتىپاق ياچېيكىسى قۇرغاقچىلىققا قارشى زەربىدارلار ئەترىتى تەشكىللەپ، سۇ سىڭىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۆستىڭىنى رېمونت قىلىش، ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىش، «ئۈچ خىل ياشانغان» كىشىلەرنىڭ پاختىلىرىنى يىغىپ بېرىش، پۇل ئىئانە قىلىپ، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىشتەك نۇرغۇن ئەمەلىي ئىشلارنى ئىشلىدى.





此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com




باش شۇجىنىڭ تەلىپى ۋە ئۈمىدىگە ئاساسەن، كەنتتە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەكتىپى تەسىس قىلىنىپ، دېھقان، چارۋىچىلارغا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى ئۆگىتىلدى. كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسىمۇ «ياشلار ئائىلىسى» دىن پايدىلىنىپ، دېھقانچىلىق پەن ـ تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش، مەدەنىيەت بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش ۋە ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى دائىم قانات يايدۇرۇپ ۋە تەشكىللەپ، ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار ۋە يۇرتداشلارنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىشىغا ياردەم بەردى.

ئىتتىپاق ئەزاسى ئازات مۇنداق دەيدۇ: «دېھقانلارنىڭ كىرىمى كۆپەيدى، تۇرمۇشى ياخشىلاندى، مەدەنىي تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئىتتىپاق ياچېيكىسى دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ۋە ئەمگەك مۇسابىقىسى تەشكىللىدى، نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى بۇ پائالىيەتلەرگە قاتناشتى، پائالىيەت مەيدانى قاينام تاشقىنلىققا تولدى. بۇ پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش نەتىجىسىدە، يۇرتداشلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى كۈچەيدى، بىر - بىرىنى چۈشىنىشى چوڭقۇرلاشتى، كەنتنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىمۇ ياخشىلاندى. ئىتتىپاق ياچېيكىسى ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك پائالىيەت تەشكىللەپ تۇردى، ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى لېكسىيە ئاڭلاش، كىتاب ئوقۇش، ئۇسسۇل ئويناش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، بىر - بىرى بىلەن تېخىمۇ ئىجىل - ئىناق بولۇپ كەتتى.





ئىككى يىلدىن بۇيان، كەنت 2 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 40 كىلومېتىر كېلىدىغان سۇ تېجەش تۇرۇبىكى سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسىدى، كېۋەز تېرىلىدىغان بىر قىسىم ئېتىزلاردا سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسى قوللىنىلدى. 2005-يىلى، كەنتنىڭ كوللېكتىپ ساپ كىرىمى 14 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 6973 يۈەنگە يەتتى. مۇھەممەت ساۋۇر مۇنداق دەيدۇ: «داشى كەنتىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ۋە كەنت ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ پۈتۈن كەنتتىكىلەرگە ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، داشى كەنتىدىكى ياشلاردىن بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز باش شۇجىنىڭ تەلىمىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇپ، ئەقىل - پاراسىتىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، داشى كەنتىنى تېخىمۇ ياخشى قۇرۇپ چىقىمىز.»

# يايلاققا باغلانغان رىشتە


ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى نىلقا ناھىيىسىنىڭ كۈنەس چارۋىچىلىق كەنتى داڭقى چىققان نامرات كەنت ئىدى.


2003-يىلىنىڭ بېشىدا كەنت ئاھالىلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بىر - دەك كۆرسىتىشى بىلەن، سايدان سابىت كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇ - جىسى بولدى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 800 يۈەنگە يەتمەيدى - غان، كۆپ سانلىق كەنت ئاھالىسى نامراتلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان رېئاللىق سايدان سابىتقا بېيىش چارۋىچىلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى تونۇتتى.



سايدان سابىت بەنزىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە «ئەلا سۈپەتلىك كالا بېقىشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىش، قوشۇمچە ئۇچىنچى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش» تىن ئىبارەت بېيىش تەدبىرىنى بېكىتىپ بۇ خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇردى.

2003-يىلى 218-دۆلەت تاشيولىنىڭ ئاچال ئېغىزىدا سودا، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر بازار قۇردى. 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ كىرگۈزۈپ، ناھىيە بويىچە بىردىنبىر بولغان ئامبىرىكىنىڭ سورتلۇق ئالا كالىسى باقمىچىلىق مەيدانىنى قۇرۇپ چىقتى ۋە ھەر تەرەپلىمە مەبلەغ ھەل قىلىپ، پۈتۈن كەنتنىڭ ئادەم ۋە مال - چارۋىلار ئىچىدىغان سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.





سايدان سابىت يەنە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، ناھىيىلىك چارۋىچىلىق
ئىدارىسىدىن تېخنىك تەكلىپ قىلىپ، چارۋىچىلارغا باقمىچىلىق تېخنىـ
كىسىنى ئۆگەتتى، يەنە يېزىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتىدىكى مال دوختۇ-
رى بىلەن تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ يازلۇلارغا بېرىپ، چارۋىچىلارنى يەرلىك
كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشقا پائال ماسلىشىشقا تەشكىللىدى. ئىككى يىل
تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئىلمىي مال بېقىش كەيپىياتى كۈنەس
چارۋىچىلىق كەنتىدە ئومۇميۈزلۈك ئەۋج ئالدى. 2005-يىلى چارۋىچىلار-
نىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 2715 يۈەنگە يېتىپ، ئوتـ
تۇرىچە يىللىق ئۆسۈش نىسبىتى %15 كە يەتتى.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com